شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 10 - ئاي
30
چارشەنبە
维吾尔文 10 月30日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24864 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ تېلېگرامما ئەۋەتىپ كامبودژا پادىشاھى سىخامونىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى تەبرىكلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كامبودژا پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سىخامونىغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، پادىشاھ سىخامونىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقىنىڭ 15 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق كۆرسەتتى: پادىشاھ سىخامونى تەختتە ئولتۇرغاندىن بۇيان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كامبودژا خەلقىنىڭ چوڭقۇر قەدىرلىشىگە ئېرىشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭ 2 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مۇنبىرى(2019)گە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى 2 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مۇنبىرى(2019) 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شاڭخەيدە ئېچىلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ مۇنبەرگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پەن - تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي پائالىيىتى، پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا جەزمەن يەر شارىۋى نەزەرگە ئىگە بولۇش، دەۋر تومۇرىنى ئىگىلەش كېرەك. جۇڭگو دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات ھەمكارلىقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، دەۋر خىرىسىغا تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو پەن - تېخنىكىدىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يەر شارىۋى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇشقا كۈچەيدۇ. جۇڭگو تېخىمۇ ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن خەلقئارا پەن - تېخنىكا ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مۇنبىرى قاتارلىق سۇپىلارغا تايىنىپ، جۇڭگو، چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئىدىيەسى، ئەقىل - پاراستى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ «پەن - تېخنىكا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئۈچۈن» دېگەن بۇ باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئاساسىي پەنلەرگە تۈرتكە بولۇپ، خەلقئارا ھەمكارلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ياشلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە يۆلەك بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

رەئىس شى جىنپىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىدۇ

سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار چېن ۋېيۋېي، يۈ جياشىن) سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو ۋە چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى تەشكىلىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ۋاڭ بىڭنەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتنىشىشىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ۋاڭ بىڭنەن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شاڭخەيدە ئۆتكۈزۈلىدىغان 2 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ھەم خۇڭچياۋ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمى ۋە ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەت نۇتقى سۆزلەيدۇ. باشلىنىش مۇراسىمىدىن كېيىن، رەئىس شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن بىللە دۆلەت سارىيىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ. كۆرگەزمە مەزگىلىدە، رەئىس شى جىنپىڭ ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ھۆكۈمەت باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالاپ

7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېرلارنى تەقدىرلىدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇق ئىمزالاپ، 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتناشقان جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېرلارنى تەقدىرلىدى.

تەقدىرلەش بۇيرۇقىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان 7 - نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە بارلىق تەنھەرىكەتچىلەر، تىرېنېرلار ئازادلىق ئارمىيە ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمدىكى ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، مۇسابىقە مەيدانىغا ئاتلىنىپ، جاسارەت بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، دوستلۇقنى يەتكۈزۈپ، تىنچلىقنى ئورتاق بەرپا قىلىپ، تەنتەربىيە نەتىجىسى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكتە قوش ھوسۇل ئېلىپ، ۋەتەن ۋە خەلق ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈردى، دۆلەت بايرىقى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈردى، ئارمىيە بايرىقىغا ھۆسن قوشتى! سىلەرنىڭ قەيسەر، قالتىس ئىرادەڭلەر ئارمىيەمىز تەنتەربىيە قوشۇنىنىڭ پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىدىغان،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن

«شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا(2)» پۈتۈن ئارمىيەگە بېسىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى پۈتۈن ئارمىيەدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنى ئەينەن، ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىشى، ئۈزلەشتۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق كاللىنى تېخىمۇ ياخشى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ياخشى يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، ھەربىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى «شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيەنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا(2)»نى تۈزۈپ بېسىشقا تەشكىللىدى، يېقىندا رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىش «بوغما ھالەت»نى بۇزۇپ تاشلاش ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش

— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېمىلىق تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئارقىلىق ساياھەتچىلىكنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكلەپ، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، «بوغما ھالەت»نى بۇزۇپ تاشلاپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بوغما ھالەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلىكنى ئىلگىرى سۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 180 مىليون ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.90% ئاشقان، ساياھەت كىرىمى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.78% ئاشقان.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى

ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، دائىم بوشاشماي تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

مۇخبىرىمىز لى ياڭ خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش توغرىسىدا بەرگەن بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

شىنجاڭ ياخشى جاي



قۇملۇقتىكى تۆگە سايىسى

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ لوپنۇرلۇقلار كەنتى مەنزىرە رايونىدا، ساياھەتچىلەر تۆگىگە مىنىپ قۇم بارخانلىرىدا يۈرۈپ، بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلانماقتا(ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا تارتىلغان).

☐ مۇخبىرىمىز خەن لياڭ فوتوسى

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئىلگىرىكى خۇش پېئىل قىز يەنە قايتىپ كەلدى

☐ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ جو، سۈي يۈنيەن

8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ توغراغاز يېزىسى چاقار كەنتىدە، راھىلە قىزىل رەڭلىك توكسكلىتقا مىنىپ، تۈپتۈز يېڭى تاشيولنى بويلاپ ماڭغىنىچە، بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىيىم - كېچەك زاۋۇتىغا ئىشقا باردى.

راھىلەنىڭ كەيپىياتى باشقىچە ياخشى ئىدى، ئالدىنقى كۈنى بىر تۈركۈم زاكاز ئىشتانىنى پۈتكۈزۈپ بولدى، زاۋۇت باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئېغىر ۋەزىپىنى تاماملاپ يەڭگىللەپ قالغانىدى. ئىلگىرىكى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ بىرمەھەل چۈمبەل بىلەن ئورالغان بۇ چىرايدىن ياشلىق ۋە خۇشاللىق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ھازىر كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى خۇش پېئىل قىز يەنە قايتىپ كەلدى دېيىشىدۇ.

■ **زاۋۇتتىكى «خۇشاللىق ئەلچىسى»**

راھىلە ھەر كۈنى كۈلۈمسىرەپ تۇرىدۇ، زاۋۇتتىكىلەر بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتىدۇ. ئۇ زاۋۇتتىكى كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولغاندىن سىرت، يەنە تېخنىكلارغا ياردەملىشىپ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، كىيىم - كېچەك ھۈنەر سەنئىتى، ئۈرنەك كىيىملەرنى تەكشۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش تالونىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)